# سۇڭ خۇگۇيى: كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ بېيىش يولىغا ئورتاق ئاتلىنىش

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
**يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋېن

«ئائىلىمىزنىڭ 15 مو يېرى بار، ئىلگىرى بىر يىللىق كىرىمىمىز 10 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى، 2018 - يىلى يەرنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا پاي قىلىپ قوشقاندىن كېيىن، مەن ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلىدىم، يىل ئاخىرىدا تەقسىملەنگەن پايدىغا مائاشىم قوشۇلۇپ، يىللىق كىرىمىم 50 مىڭ يۈەندىن ئاشتى، بۇنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم.» 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆربىلجىن ناھىيەسى شاڭخۇ بازىرى كوربۇلاق 2 - كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابباي قوساين خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇنىڭ ھەممىسى ناھىيەمىزنىڭ نۇقلىي گازىر تاۋۇزى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، كېڭەش باشلىقى سۇڭ خۇگۇيىنىڭ تۆھپىسى».

بۇ يىل 41 ياشقا كىرگەن سۇڭ خۇگۇيى دۆربىلجىن ناھىيەسى شاڭخۇ بازىرى كوربۇلاق 4 - كەنتىدە تۇغۇلغان. 2007 - يىلى 10 - ئايدا ئېتىزلىقتىكى گازىر تاۋۇزى ۋە مايلىق ئاپتاپپەرەس ئارقا - ئارقىدىن پىشقان بولسىمۇ، كەنت ئاھالىلىرى مول ھوسۇلدىن شادلىنالمىغانىدى. چۈنكى سېتىش يولى بولمىغاچقا، كەنت ئاھالىلىرى تاغار - تاغار تاۋۇز گازىرى، مايلىق ئاپتاپپەرەس گازىرلىرىنى ئۆيىگە دۆۋىلەپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى، مول ھوسۇل ئالغان بولسىمۇ پۇل تاپالمىغاچقا، كۆپچىلىك ھەر كۈنى چوڭقۇر غەمگە پېتىپ يۈرەتتى.

سۇڭ خۇگۇيى بۇنى كۆرۈپ تىت - تىت بولدى، ئۇ ئۆزى پۇل خەجلەپ ئۈرۈمچى، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سېتىش يولى ئىزدىدى. ئىككى ئاي پايپېتەك بولۇش ئارقىلىق، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدە دۆۋىلىنىپ تۇرغان 400 توننىدىن ئارتۇق تاۋۇز گازىرى ۋە مايلىق ئاپتاپپەرەس گازىرى ئاخىر سېتىلدى. سېتىش يولى تېپىش جەريانىدا، سۇڭ خۇگۇيى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلماي قېلىشىنىڭ سەۋەبىنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى بىلمەسلىكى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى، سېتىش يولىنىڭ بىرلا خىل بولۇشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

«پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ بىللە بېيىشنى ئويلايمەن.» موشۇنداق ئوي بىلەن، سۇڭ خۇگۇيى دۆربىلجىن ناھىيەسىدىكى بىر شەخسىي تاۋۇز گازىرى سېتىۋېلىش نۇقتىسىغا بېرىپ قاچىلاش - چۈشۈرۈش ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلىگەچ، بىر تەرەپتىن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، تاۋۇز گازىرىنىڭ سۈپىتىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە بازاردا سېتىش توغرىسىدا نۇرغۇن تەجرىبە توپلىدى.

سۇڭ خۇگۇيى كەنتكە قايتىپ كېلىپ دۆربىلجىن ناھىيەلىك نۇقلىي گازىر تاۋۇزى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، 17 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنى يېتەكلەپ بىللە ئىشلەپ، سورتىنى ياخشىلاش، ئىلمىي تېرىش ئارقىلىق گازىر تاۋۇزى ۋە مايلىق ئاپتاپپەرەسنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى. بىرىنچى يىلى، ھەربىر ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ مو بېشى كىرىمى 300 يۈەندىن ئارتۇق ئاشتى.

كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ كىرىمى ئاشتى، كوپېراتىپقا كىرىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ئىككىنچى يىلى، ھەمكارلىق كوپېراتىپى پۈتۈن كەنتتىكى 80دىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ يېرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆبوروت قىلدى، «ھەمكارلىق كوپېراتىپىمىز كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېرىنى مەركەزلەشتۈردى، كەنت ئاھالىلىرى يېرىنى پاي قىلىپ قوشقاندىن كېيىن، ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرتۇتاش تېرىدى، بىرتۇتاش باشقۇردى، پايدا ئالغاندىن كېيىن پايدىنى تەقسىملەپ بەردى» دېدى سۇڭ خۇگۇيى. يەرنى كوپېراتىپ بىرتۇتاش باشقۇرغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى كۆلەملەشتۈرۈپ، ئۈلگىلەشتۈرۈپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى ئازاد قىلىندى، كەنت ئاھالىلىرى كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇرالايدىغان بولدى.

كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۇڭ خۇگۇيى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى باشتىن - ئاخىر ئۇنتۇپ قالماي، بېيىش يولىدا بىرمۇ كىشىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىقنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى.

قوشنا كەنت كوربۇلاق 2 - كەنتى نامرات كەنت ئىدى، كەنت ئاھالىلىرىدە يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ۋە يەر باشقۇرۇش تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، يېرى بولسىمۇ كىرىمى يۇقىرى ئەمەس ئىدى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ يەردە نەچچە قېتىم تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، نۇرغۇن كەنت ئاھالىلىرى قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىدى.

كوربۇلاق 2 - كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 2012 - يىلى، سۇڭ خۇگۇيى بۇ كەنتتىكى 96 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ 3000 مو يېرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئۆبوروت قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرمەيدىغان پۈتۈن مۇساپىلىك «بالا باقۇچى شەكلى»دىكى مۇلازىمەت توختامى ئىمزالىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى ماسلاشتۇرۇپ بەردى.

«سۇڭ شۇجىنىڭ ياردىمىدە، مەن قەرزىمنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بولدۇم، يەنە خوتۇنۇم بىلەن بىللە ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەۋاتىمەن، ھازىر ئامانەت پۇلىمىز بار بولدى، بۇ يىل يېڭى ئۆي سالدۇق، كېلەر يىلى مەن يەنە يېڭى ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.» ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشى تىلغا ئېلىنسا، كوربۇلاق 2 - كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئادىلبېك سۇلتاننىڭ خۇشاللىقتىن ئېغىزى يۇمۇلمايلا قالىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە، ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا پاي قوشقان كەنت ئاھالىلىرى قۇرۇلغان چاغدىكى 17 ئائىلىلىكتىن ھازىرقى يەتتە كەنتتىكى 612 ئائىلىلىككە تەرەققىي قىلدى، پاي قىلىپ قوشۇلغان يەر دەسلەپكى 2000 موغا يەتمەسلىكتىن بۈگۈنكى كۈندە كۆپىيىپ 70 مىڭ مودىن ئېشىپ، ئەتراپتىكى 1253 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ پايدا ئېلىشىغا تۈرتكە بولدى.

سۇڭ خۇگۇيى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەملىكەتلىك يېزا ياشلىرىنىڭ بېيىش باشلامچىسى، شىنجاڭ 4 - ماي ياشلار مېدالى قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى. شان - شەرەپ ئالدىدا سۇڭ خۇگۇيى مۇنداق دېدى: «مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم، ھازىرقى ھەممە نەرسە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن ئايرىلمايدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچى ۋە قوللىشىدىن ئايرىلمايدۇ.» كەلگۈسى توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا، سۇڭ خۇگۇيى مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنە ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، ئۆزۈمنىڭ پارتىيە ئەزاسىغا خاس ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولۇمنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەيمەن».

## ئالتاي ۋىلايىتى:
# پۇختا تۈزىتىپ، قار - مۇز ساياھەتچىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ئىگىلەش، سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، قىشلىق ساياھەت تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان كەمتۈكلۈك ۋە بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى كۆچەپ ھەل قىلىپ، قار - مۇز بايلىقىنى ئېچىش، ساياھەت تەسىراتىنى ئۆستۈرۈشنى مەخسۇس تۈزەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قار - مۇز ساياھەتچىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى.

«ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدا قىش كىرىشى بىلەنلا تاغ چۆلدەرەپ قالاتتى. ھازىر يول ياسىلىپ بولدى، قىشتا تاغقا چىقىش راۋان بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنزىرە رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، بىز تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ تىجارەت قىلىپ، ساياھەتچىلەرنى بۇ يەردە ياخشى غىزالىنىش، ياخشى قونۇش، تېخىمۇ ياخشى ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز» دېدى قاناس مەنزىرە رايونىنىڭ پۇقراۋى قونالغۇ تىجارەتچىسى تۇرسۇن بايبازار.

قاناس مەنزىرە رايونى دۆلەتنىڭ 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى، باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شۇ جايدىكى مەدەنىيەت ساياھەت تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ ئاجىز بولۇشى ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى، شۇ جاي ئىشنى «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، ھاجەتخانا قاتارلىق ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈردى.

نۆۋەتتە، ئالتاي ۋىلايىتى چوڭقۇر، ئوتلاق تاش قەلئە، جيادېڭ جىلغىسى، كۆكسۇل، سەنداۋ خېزى قاتارلىق بەش ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، يېڭىدىن ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنىدىن مىڭغا يېقىننى كۆپەيتتى ھەم ساياھەت ئاۋات مەزگىلدە ۋاقىتلىق ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى قۇرۇپ، ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەكشۈرۈپ - كۆزىتىش ئارقىلىق ھازىرقى مەنزىرە نۇقتىلىرىدا ياتاق كارىۋىتى يېتىشمەسلىك، ماي قاچىلاش قىيىن بولۇش، ھاجەتخانىغا كىرىش قىيىن بولۇش، تور يوق رايون قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، ئالتاي ۋىلايىتى ھەقىقىي ئىشلەپ، ھەقىقىي تۈزىتىپ، تۈزەشنى چىڭ تۇتتى. باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن ۋىلايەتتە مەنزىرە رايونى ھاجەتخانىسىدىن 36نى، شەھەر رايونىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىدىن توققۇزنى، يېمەك - ئىچمەك رايونىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىدىن 1296نى، يېزىلاردىكى ئائىلە ھاجەتخانىسىدىن 24 مىڭ 417نى يېڭىدىن سېلىپ ۋە ئۆزگەرتىپ ياساپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ھاجەتخانىغا كىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى؛ 283 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 1293 خەۋەرلىشىش ئاساسىي پونكىتى قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، پۈتۈن ۋىلايەتتە سىگنال تورىنىڭ قاپلاش نىسبىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

ھازىر ئالتاينىڭ قىشلىق قار - مۇز ساياھىتى باشلاندى، سايۋەنلىك ئاپتوموبىل بېكەتتە، مەنزىرە كۆرۈش يولىدا، ئۆرۈپ - ئادەت ئويۇن سەھنىسى ئاستىدا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشقان پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئىختىيارىي زىيارەت قىلىپ، نەق مەيداندا ساياھەتچىلەرنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىدى. ساياھەتچىلەر ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە، تەكلىپلەرنى بىلگەن ھامان ئۆزگەرتتى، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ دەرھال ئۆزگەرتتى.

«تۈزەش ئارقىلىق، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت ئەسلىھەلىرى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلدى.» ئالتاي ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى نيې پىڭ مۇنداق دېدى: «ئالتاي ۋىلايىتى 14 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ قىشلىق ساياھەتچىلىك كەسپىي سودا كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزۈشنى ۋاستە قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە قىشلىق ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ئۇل ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇ قار - مۇز ساياھەت پەسلىدە تۆت ئۆلۈشتىن كۆپرەك ئېشىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنى 4 مىليون 200 مىڭ ئادەم قېتىم كۈتۈۋېلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ساياھەت كىرىمىنى 4 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى.

# ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرەيلى

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش كېرەك. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيەمىز «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئاچقان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن بولۇپ، ئىجادىي، ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئومۇمىي يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى سىياسىي خىتابنامە. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرما بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىپ، تۇراقلىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئېففېكتىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇشقا مۇھىم، زور شۇنداقلا چوڭقۇر، ئۇزاق تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ كەلگۈسىگە يۈرۈش قىلىشى، كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇغاندىلا، بىز ئىدىيەدە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئېتىقادتا تېخىمۇ قەتئىي بولۇپ، ھەرىكەتتە تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرەلەيمىز.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە. ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلىك، بىز بۇنىڭدىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە 13 جەھەتتىكى روشەن ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، ئومۇمىي نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسى ۋە تۈپ كاپالىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە باشتىن - ئاخىر باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ كۆرسەتمىسى، نەزەرىيە ئەمەلىيەتنىڭ باشلامچىسى. ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى.

# «قۇملۇق ئادەمگىياھى» ئارقىلىق بوستانلىقتا توسۇق قۇرۇلدى، دېھقانلارنىڭ ھەمىيىنى تومپايدى

(بېشى 1 - بەتتە)

«خوتۇنۇم بىلەن ‹توشقانزەدىكى كىچىك بازىرى›دا توشقانزەدىكى كولايمىز، كۈندە 400 كىلوگىرامدىن ئارتۇق كولىيالايمىز، ھەر كىلوگىرامغا بىر يۈەندىن كولاش ھەققى تاپالايمىز، كۈن بويىچە ھېسابات قىلىدۇ. ھازىر بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتىلا 8000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتۇق، بۇ، پاختا تېرىپ ئىككى - ئۈچ ئايدا تاپقان پۇلىمىزغا باراۋەر» دېدى جېلىل ئەخمەت.

گەرچە يېڭىچە بولسىمۇ، لېكىن بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتا، جېلىل ئەخمەت توشقانزەدىكى كولاش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالدى: كەتمەن (جوتۇ) بىلەن سۆكسۆكنىڭ يىلتىز قىسمىنى ئادەتتە 40 - 30 سانتىمېتىر كولىغاندىلا سۆكسۆكنىڭ يىلتىز قىسمىدا ئۆسكەن توشقانزەدىكىنى تاپقىلى بولىدۇ، ئاندىن قۇمنىڭ ئىچىدىن توشقانزەدىكنى يىلتىزى بىلەن ياكى پۈتۈن كولاپ چىققارغىلى بولىدۇ، ئاخىرىدا قۇم تىندۇرۇلۇپ، كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا يېڭى بىر تۈركۈم توشقانزەدىكى ئۆسۈپ چىققاندا يەنە كولاپ ئېلىنىدۇ.

جېلىل ئەخمەت ئېيتقان «توشقانزەدىكى كىچىك بازىرى» ئەمەلىيەتتە خوتەن ناھىيەسىدىكى توشقانزەدىكى تېرىش چوڭ ئائىلىسى لى يۈنخېي بىلەن تەۋەككۇل يېزىسىدىكى 60 ئائىلىلىك نامرات ئاھالە ئورتاق قۇرغان توشقانزەدىكى كىچىك بازىرى تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئىدى. تەۋەككۇل يېزىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بولۇپ، شۇ جايدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش شارائىتى ئىنتايىن چەكلىك ئىدى، كۆچمە قۇملۇق يىل بويى شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. 2012 - يىلىدىن بۇيان، لى يۈنخېي كوپېراتىپ ئەزالىرىنى يېتەكلەپ 32 مىڭ مو قۇملۇقتا قۇمنى تىزگىنلەپ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سۆكسۆكتىن 18 مىليون تۈپ، جىگدە، توغراق قاتارلىقلاردىن 200 مىڭ تۈپنى تىكىپ ئەي قىلىپ، سۆكسۆكنىڭ يىلتىز قىسمىغا توشقانزەدىكنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، قاقاس قۇملۇقنى يېشىللىققا پۈركىگەن دورا ماتېرىياللىرى بازىرىغا ئايلاندۇردى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئەزاسى تۇرسۇن ماخمۇت مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىز بىلەن تېخنىكا ئىقتىدار ئۆگىتىش ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى قوشۇلغان ھەمكارلىق ئۇسۇلىنى ئورنىتىپ، بىزگە تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ سۆكسۆك تېرىش، ئەتىھاتە ئورمىنىنى باشقۇرۇش ھەمدە دورا ماتېرىياللىرىنى كولاش، ئۆلچەم بويىچە دورا ماتېرىياللىرىنى ئايرىشنى ئۆگەتتى. كۈندىلىك تېرىش، باشقۇرۇش خىزمىتى ئۈچۈن كۈندە 120 يۈەن مائاش ئالىمىز، ھوسۇل ئالىدىغان پەسىلدە كولىغان ئىش مىقدارىغا ئاساسەن ھېسابات قىلىمىز، كۈندە 300 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلالايمىز. بۇ بىر نەچچە يىلدا ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئەگىشىپ ئىشلىگەچكە، 2016 - يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇم، ئەمدى ھويلام ۋە بەش مو كېلىدىغان چىلانزارلىقىم قۇم - بوراندا كۆمۈلۈپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەشتە قىلمايدىغان بولدۇم».

تەۋەككۇل يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن خۇڭچۈەن مۇنداق تونۇشتۇردى: نۆۋەتتە «توشقانزەدىكى كىچىك بازىرى»نىڭ 32 مىڭ مو يەردىكى سۆكسۆككە توشقانزەدىكى كىرىشتۈرۈپ تېرىش تۈرى بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تىزگىنلەش، 60 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشتىن سىرت، يەنە تېخى كولاش پەسلىدە 500 كىشىنى پەسىللىك ئىشلەشكە تۈرتكە بولدى، ئېكولوگىيەلىك ئۈنۈم، جەمئىيەت ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم كونسايىن كۆرۈنەرلىك بولدى. كېيىنكى قەدەمدە تەۋەككۇل يېزىسى 200 ئائىلىلىك دېھقاننى «توشقانزەدىكى كىچىك بازىرى»دا ئۇزاققىچە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تىزگىنلەش، دورا ماتېرىياللىرى تېرىش، پىششىقلاش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەيدۇ ھەم خوتەندىن ئارالغىچە بولغان قۇملۇق تاشيولدا ئالاھىدە دورىلىق تائاملار، قۇملۇق ساياھىتى قاتارلىق كەسىپلەرنى ئېچىپ، «توشقانزەدىكى كىچىك بازىرى»نى ھەقىقىي ئىسمى - جىسمىغا لايىق خاس كىچىك بازارغا ئايلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىگە كۈچ قوشىدۇ.

مۇخبىرلارنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك توشقانزەدىكى جەمئىيىتىدىن ئىگىلىشىچە، توشقانزەدىكى ئىشلىتىلىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان قۇۋۋەت تولۇقلاش تۈرىدىكى جۇڭيى دورىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، «قۇملۇق ئادەمگىياھى» دەپ تەرىپلىنىدىكەن. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، خوتەن ۋىلايىتىدە بوستانلىقنىڭ ياقىسىنى بويلاپ كېڭەيتىپ تېرىلغان يۇلغۇن، سۆكسۆك تەخمىنەن 400 مىڭ موغا، ئۇلاپ تېرىلغان توشقانزەدىكى 300 مىڭ موغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىڭ مو توشقانزەدىكىدىن ئۈنۈم يارىتىلىپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 5000 توننىدىن ئاشقان. خوتەن توشقانزەدىكى تېرىش، يېتىشتۈرۈش، پارچىلاپ كېسىش، پىششىقلاش، ساغلاملىق يېمەكلىكى ئىشلەش قاتارلىق كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، توشقانزەدىكتىن ئېلىنغان ماتېرىيالنى خام ئەشيا قىلغان ساغلاملىق مەھسۇلاتنى ياپونىيە، كورېيەگىچە ساتقان. توشقانزەدىكى كەسىپ زەنجىرى خوتەن ۋىلايىتىدىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق دېھقاننىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغان.

خوتەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى چېن باۋجۈن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خوتەن تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇشنى پائال يولغا قويۇپ، يېشىل ئېكولوگىيە توسۇقى بەرپا قىلىپ، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، خاس باغۋەنچىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، سېرىق قۇمنى «سېرىق ئالتۇن»غا ئايلاندۇردى. نۆۋەتتە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ياڭاق، ئانار، چىلان، توشقانزەدىكى قاتارلىق مول باغۋەنچىلىك بايلىقى 120 باغۋەنچىلىك پىششىقلاش كارخانىسىنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300دىن ئارتۇق كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 2018 - يىلى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ خاس باغۋەنچىلىك كىرىمى يىللىق كىشى بېشى كىرىمىنىڭ 35%دىن ئاشتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى)**